SAMET OĞUZ
Çankaya Yıldız 95. Sok.
No. 11/9 — Ankara
TÜRKİYE

SAMET OĞUZ
Çankaya Yıldız 95. Sok.
No. 11/9 — Ankara
TÜRKİYE

ئابدۇلھەق ئۇشۇر

# ئۇيغۇر خەتتاتلىغى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# سلام کتابخان!

www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

خەتتاتلىق — گۈزەل سەنئەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ خۇددى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ھەممە تۈرلىرىگە ئوخشاشلا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي ھېساپلىنىدۇ.

خەتتات — ھۆسنىخەت يازغۇچى سەنئەتكاردۇر. خەتتاتنىڭ قولىيازمىسى — يازغان ھۆسنىخېتى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇ يازغان خىلمۇ - خىل نۇسخىلاردىكى ھۆسنىخەت تېكىستلىرى كىشىلەرگە تەربىيە ۋە زېھنىي - قۇۋۋەت بەرگەندىن باشقا، كىشىلەر كۆڭلىنى ئېچىپ، كىشىلەرنى گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان قىلىدۇ.

ھۆسنىخەت — «چىرايلىق خەت»، «گۈزەل خەت» دېگەنلىكتۇر. ئۇ، مەيلى چوڭ يېزىلسۇن، مەيلى كىچىك يېزىلسۇن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىملا قائىدىسى ۋە گىرامماتىكىسىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى كېرەك.

ھۆسنىخەت نۇرغۇنلىغان نۇسخىلاردا يېزىلىدۇ. ئۇيغۇر خېتىنىڭ خەت نۇسخىلىرى خۇددى ئۇيغۇر دوپپىلىرىدىكى كەشتىچىلىك نۇسخىلىرىغا ئوخشاش خىلمۇ - خىلدۇر. قەدىمدىن ھازىرغىچە دۇنيا تارىخىدا شانلىق نامايەندە سۈپىتىدە نۇر چېچىپ تۇرغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە

ھۆسنخەتنىڭ خىلمۇ - خىل نۇسخىلىرى گۈل كەشتىسىدەك كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالىملار، ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار ۋە نۇرغۇن جامائەت ئەرباپلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر خەتتاتلىرى بولۇپ، ئۇلار خەتتاتلىقنى يۇقىرى باھالىغان ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى، نامى ئۆچمەس نادىر ئەدىبىي ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر ناۋايى، مەشھۇر خەتتات ھاشىم مۇھەممەت ئىراقى، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان، ئابدۇرېھىم نىزارى ... يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىم، ئەدىپ، شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ دىۋان، غەزەلىياتلىرىنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ قالدۇرغان.

بىز تارىخىي يادىكارلىقلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق مەشھۇر پېشىۋالىرىمىزنىڭ ھۆسنخەت ھەققىدە ناھايىتى يۇقىرى باھالىرىنى ئۇچرىتىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە مۇنداق دېيىلگەن:

ئەگەر بولسا خان، قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۆز، بالاغەتتە بەك يېقىملىق.

خېتى ئۈز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.

پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

مىلادى 1075 — 1144 - يىللاردا ياشىغان خارەزىملىق بۈيۈك ئالىم جارۇللا ئۇبۇلقاسىم مۇھەممەت بىننى ئۆمەر زەمەخشەرى «يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان سۆزلەر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «كاتىپنىڭ خېتى بىلەن قارار قىلىنغان نەرسە — چېكەت گۈزەل قىزنىڭ ياڭىغىدىكى خالدىنمۇ گۈزەلرەك.»

ئەلىشىر ناۋايى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ياخشى يېزىلغان خەت ۋە خەت چېكىتلىرى گويا چىرايلىقلارنىڭ يۈزىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك، ئاق قەغەزنىڭ جامالىنى بېزەيدۇ. خېتى چىرايلىق كاتىپ سۆزگە ئارايىش (زىننەت) بېرىدۇ ۋە سۆزلىگۈچىگە راھەت بېغىشلايدۇ.» «مەھبۇپ (سۆيۈملۈك) تىن كەلگەن مەكتۇپنىڭ خېتىنىڭ گۈزەل ۋە مەزمۇنىنىڭ يېقىملىق بولۇشى — كۆڭۈلنىڭ ئىستىكى ۋە جاننىڭ ئارامىدۇر.» «يامان كاتىپنىڭ جايى قەلەمداندەك چوڭقۇر بولسۇن، ئۇنىڭ بېشى قەلەمدەك يارا ۋە قارا بولسۇن.»

13 - ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەت بىننى ئابابەكرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى كۆچۈرگەن. خەتتات زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار ئەخمەت بىننى مۇھەممەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىنى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈپ چىققان. خەتتات ئابدۇررازاق قاتارلىقلار «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقىدا

قۇرمۇ-قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققان. خەتتات ھەم شائىر موللا ئىسھاق ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار» ناملىق ئەسىرىنى كۆچۈرگەن. قەشقەرلىق خەتتات ھەم شائىر تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرى «كىتابى غېرىپ»نى ھۆسنىخەت بىلەن يېزىپ چىققان. خوتەنلىك خەتتات مۇھەممەت يۈسۈپ خەلق داستانى «غېرىپ-سەنەم»نى كۆچۈرۈپ يازغان. خەتتات ھەم شائىر توختى موللا يولداش ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىنى كۆچۈرگەن ... مۇنداق خەتتاتلار بىزنىڭ تارىخىمىزدا ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. مۇقامچى ۋە شائىر مەلىكە ئامانىساخانمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ خەتتاتى ئىدى. «پەرھاد-شىرىن»، «غېرىپ-سەنەم»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «رابىيە-سەئىدىن» قاتارلىق 19 پارچە يىرىك داستاننىڭ ئاپتورى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ خەتتاتلىقتا شائىرلىقتا ئوخشاشلا شۆھرەت قازانغانلىقى ئۈچۈن ئوردىدا كاتىپ بولالىغان.

ئۇيغۇرلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، خەتتاتلىق ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس، خەتتاتلىق-ھۆسنىخەتچىلىك شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى جاھان تارىخىدا شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىم بىر قورالى.

خەتتاتلىق، ئەلۋەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، قايسى بىر دەۋردە قايسى يېزىق قوللىنىلغان بولسا، شۇ يېزىق بىلەن ھۆسنىخەتلەر يېزىلغان. شۇ يېزىقتا ھۆسنىخەت يازغان خەتتاتلار بولغان. ئۇيغۇر خەلقى ھەر خىل يېزىقلارنى قوللانغان دەۋرلەردە شۇ خىل يېزىقنىڭ خەتتاتلىقى ئۈستىدە كۆپ ئىزلىنىپ، خىلمۇ-خىل ئۇسلۇبلاردىكى سەنئەت ئالاھىدىلىكى يۈكسەك بولغان قوليازمىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلاردا خەتتاتلىق پەقەت ئەرەپ يېزىقى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەرەپلەردىن كىرگەن بىر خىل سەنئەت، دىگەن

چۈشەنچە بار. بۇ ئەتراپلىق بولمىغان چۈشەنچە. ئۇيغۇرلاردا خەتتاتلىق ئەرەپ يېزىقىنى قوبۇل قىلىشتىن خېلى بۇرۇن بار بولغان سەنئەت شەكلى. بىز مەدەنىي يادىكارلىقلارغا نەزەر سالساق، قەدىمـ-قى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ھۆسنخەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. «چورىن مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» ... قاتارلىقلار تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان. بولۇپمۇ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى ئويما خەتلەر بىر خىل تەكشىلىكنى ياراتقان. ھەرپلەر ناھايىتى گۈزەل بولۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا يېزىق سەنئىتىدە يۇقىرى سەۋى-يىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىزگە يې-تىپ كەلگەنلىرى ئاساسەن قوليازما بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، «مائىترى سىمىت»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق» ... قاتارلىقلار بار. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتتاتلىقمۇ ھازىرقى ئۇيغۇر يېزى-قىمىزدىكى خەتتاتلىققا ئوخشاشراق بولۇپ، ھۆسنخەتلەر قىرلىق ئۇچلۇق قەلەم بىلەن يېزىلغان. خەتلەرنىڭ ئاساسىي سىزىقلىرى تىك سىزىقنى بويلاپ يېزىلغان. قەلەمنىڭ ئوينىتىلىشى ناھايىتى شوخ، ئەركىن ۋە راۋان. بىز «مائىترى سىمىت» نىڭ خەتلىرىدىن خەتتاتلارنىڭ پىشقان قەلىمىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قوليازما، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى، بىر بىردىن چىرايلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بىلەن يېزىلغان دىنىي كىتابلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئەسەر-لەرنى كۆرگىنىمىزدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن مەرىپەتپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىنى، خەتتاتلىققا ماھىر-لىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تىرىشچان خەتتاتلىرىمىزنىڭ ئىخلاس بىلەن ئەجىر سىڭدۈرگەن ھۆسنخەتلىرى-دىن يۈكسەك دەرىجىدە بەدىئىي ۋە مەنىۋى زوق ئالالايمىز.

خەتتاتلار مەتبۇئات راۋاج تاپمىغان زاماندا مەتبە رولىنى ئوينىغان. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى بىر قانچە ئون نۇسخا، ھەتتا بىر قانچە يۈز نۇسخا كۆچۈرۈپ بىزگە قالدۇرغان. يەنە مەدرىسلەردە ئەپەندىلىك قىلىپ نۇرغۇن ئەدىپ ۋە خەتتاتلارنى يېتىشتۈرگەن. بىز ئۇلارنىڭ كۆركەم، شوخ يېزىلغان ھۆسنىخەتلىرىنى مەدىنىي يادىكارلىقلار، ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، مەسچىت، خانىقا، مازارلار، خان، ھۆكۈمەت مۆھۆرلىرىدىن ۋە ئەلەملىرىدىنمۇ ئۇچرىتىمىز.

خەتتاتلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى رەسىم، ناخشا، ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، ھەر خىل سۆز - ئىبارىلەردىكى مەزمۇن بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان. ئۇلارنىڭ خەتتاتلىقتىكى ماھارىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەققاشلىق، بىناكارلىق ۋە باشقا ساھەلەرگە سىڭىپ كەتكەن.

قىسقىسى، خەتتاتلىق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ساھە. شۇڭا بىز خەتتاتلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز، شۇ ئاساستا خەتتاتلىقنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ، سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ - خىل، مىللى ئالاھىدىلىكى قويۇق بولغان بارلىق سەنئەت تۈرلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم. خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولدى. شۇ جەرياندا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى، يولداشلارنىڭ سەممىي ياردىمى ئاساسىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىشلەپ، ئاز - تولا تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھاسىل قىلدىم، ئەمدىلىكتە ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ ٢ پايدىسى تېگەر دىگەن مەقسەتتە مۇشۇ كىتاۋىمنى تۈزۈپ چىقتىم. مېنىڭ ئەمگىكىم خەتتاتلىق-

تىن ئىبارەت دېڭىزغا بىر تامچە بولۇپ قوشۇلسا زور خوشاللىق ھېس قىلغان بولاتتىم. بۇ كىتاۋىمدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن. يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ھۆسنخەت تۈرلىرى .......... 1

ھەرخىل قەلەملەر .......... 3

ئورخۇن - يېنسەي (تۈرك - رونىك) يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى .......... 6

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى .......... 8

ھازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى .......... 10

ئۈلگىلەر .......... 11

غوللۇق خەت ھەققىدە چۈشەنچە .......... 16

غوللۇق خەت شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى .......... 17

ئۈلگىلەر .......... 18

رۇقئە ھەققىدە چۈشەنچە .......... 23

رۇقئە شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى .......... 24

ئۈلگىلەر .......... 25

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەئلىق ھەققىدە چۈشەنچە........................................ 30
تەئلىق شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى ........................................ 31
تەئلىق شەكلىنىڭ ھەرپلىرى قانداق يېزىلىدۇ؟........................................ 32
ئۈلگىلەر........................................ 40
سۇلۇس، جەلى سۇلۇس ھەققىدە چۈشەنچە ........................................ 84
سۇلۇس شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى ........................................ 86
ئۈلگىلەر ........................................ 87
نەسخ ھەققىدە چۈشەنچە ........................................ 98
نەسخ شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى........................................ 99
ئۈلگىلەر ........................................ 100
ئىجازەت ........................................ 101
ئىجازەت شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى ........................................ 102
ئۈلگىلەر ........................................ 103
كۇفى ........................................ 106
كۇفى شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى ........................................ 107
ئۈلگىلەر ........................................ 108
ھەرخىل نۇسخىلار........................................ 112

# ھۆسنخەت تۈرلىرى

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئورخۇن ئېلىپبەسى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى، ئەرەپ ھەرپلىك ئېلىپبە ۋە لاتىن ئېلىپبەسىدىن ئىبارەت تۆت خىل ئېلىپبەنى ئىشلەتكەن. بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقنىڭ ئاساسى مىلادىدىن 15 — 20 ئەسىر بۇرۇن سۈرىيە - پەلەستىندە ياشىغۇچى شىمالىي سام خەلقلىرى (Semites) تەرىپىدىن يارىتىلغان فونېتىكىلىق ئېلىپبە ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ ھەرپلەرنى 10 - ئەسىردە ئەرەپلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەسلىدە بۇ ھەرپلەر 22 بەلگىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىرقىدەك ئوڭدىن سولغا يېزىلاتتى. سامىلارنىڭ ھەرپلىرى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيتتى. بۇ ئېلىپبەدە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ھەرپلەر يوق ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلار بۇ ئېلىپبەنى قوللانغاندا ئۆز تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

ھازىرقى يېزىق بىرقانچە قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن. بۇ يېزىقنىڭ

خىلمۇ-خىل شەكىللەرى ئەمەلىي ئىشلىتىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. خەلق ئاممىسى ۋە تارىختا ئۆتكەن ماھىر خەتتاتلار يېزىشقا ئاسان، كۆركەم بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈرلۈك ھۆسنىخەت شەكىللىرىنى ئىجات قىلغان، ھۆسنىخەت «گۈزەل يېزىق»، «يېزىق گۈزەللىكى» دېگەن ئىسىم بىلەن گۈزەل سەنئەتلەرنىڭ بىر قولى، خەتتاتلىق دېگەن ئىسىم بىلەن بىر سەنئەت كەسپى مەيدانغا كەلگەن. ئىسلام مۇھىتىدا رەسىم ۋە ھەيكەل چەكلەنگەن بولغاچقا، ھۆسنىخەت مىمارلىق بىلەن بىللە شەرقنىڭ سەنئەت ئۇلۇغۋارلىقى ئىپادىلەنگەن مۇھىم سامالاردىن بىرى بولۇپ قالغان. يەنى بۇ يېزىق نەققاشچىلىق بىلەن زىچ بىرلىشىپ، گۈزەل ۋە مۇرەككەپ نەقىشلەرنى ئىشلەشكە ۋاستە بولغان.

گەرچە شەكىللەر خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، لېكىن ھەرپلەرنىڭ تۈپ گەۋدىلىرى ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن. پەقەت شۇ گەۋدىلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلەكلىرىنى باشقىچە تۈسلەندۈرۈش يولى بىلەن ھەرخىل شەكىللەر ئىشلەنگەن. مەسىلەن، تۈز خەت، غوللۇق خەت، تەئلىق، سۇلۇس، رۇقئە، نەسخ، ئىجازەت، دىۋانى، جېلى دىۋانى، كۇفى، سىياقەت، رەيھانى، مۇھەققەق، شىكەستە قاتارلىقلار. بۇلاردىن خەتتاتلار ئەڭ كۆپ شۇغۇللىنىدىغانلىرى تۈز خەت، غوللۇق خەت، تەئلىق، سۇلۇس، رۇقئە، نەسخ، ئىجازەت، دىۋانى، جېلى دىۋانى، كۇفى شەكىللىرىدۇر.

تۆۋەندە مۇشۇ نۇسخىلارنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۈلگىلىرى بېرىلدى. بۇ مىساللاردا ئالدى بىلەن شۇ شەكىلنىڭ ئېلىپبەسى، ئاندىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىلدى.

# هەر خىل قەلەملەر

مىڭ يىلدىن بۇيان كىشىلەر ئۇيغۇر ھەرپلىرىنى يېزىشتا سەل قىيپاش كېسىۋېتىپ كېچەيتىلگەن قەلەم ئۇچىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇ قەلەملەر قومۇش، بامبۇك، ئىرغاي، قاتتىق ياغاچ، پەي غوللىرىدىن ياسىلاتتى. قەلەم ئۇچىنى كېسىشتە ھەرپلەرنى توم - ئىنچىكە چىقىرىپ چىرايلىق يېزىشنى كۆزلەيتتى. كېيىنچە پولات قەلەمگە ئۆزگەرتتى. ھەتتا ئىچىگە سىيا قاچىلاپ پولات چىۋىقلارنى ئور- نىتىپ خەت يېزىشتا ئاسانلىقلارنى كەلتۈردى.

ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان قەلەملەرنىڭ مۇنداق بولۇشى، خەتلەرنىڭ تىك سىزىقلىرىنىڭ ئىنچىكە، توغرا سىزىقلىرىنىڭ توم چىقىشىنى، تىك سىزىقتىن توغرا سىزىققا، توغرا سىزىقتىن تىك سىزىققا بۇرۇلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تەبىئىي ۋە نەپىس بولۇشىنى، توم ۋە ئىنچىكە سىزىق ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بەدىئىي خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە قەلەم ئۇچى ئالاھىدە كۆرسىتىلدى. چوڭ - كىچىكلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ ئۇلارنى A، B، C دەپ ئۇچكە ئايرىدۇق. شۇ بويىچە ياساپ ئىشلەتكەندە خېتىمىز چىرايلىق يېزىلىدۇ. قايتا يوغان - ئىنچىكە ئورۇنلىرىنى بوياشتىن ساقلىنىمىز.

## لوزۇنكا يېزىشتا:

تامغا، رەختكە، نېپىز قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەرگە يېزىلىدىغان خەتلەرنى يىرىك يۇڭ قەلەمنى

قىيپاش كېسىپ ئۇچىنى نېپىزلىتىپ يازسا بولىدۇ.

چوڭ لوزۇنكا خېتىنى كەڭ يېرىك يۇڭ قەلەمدە يازسا بولىدۇ.

2 ــ 3 مېتىر ئېگىزلىكتە يېزىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يوغان، خەتلەرنى بوردا چۆرىسىنى يېيىپ، بويىساق بولىدۇ.


A
B
C
R
BEVEL
A
B
C
A
A

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئورخۇن - يېنسەي (تۈرك - رونك) يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى | № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 |  | ئا ، ئې | 10 |  | د² |
| 2 |  | ئە ، ئى | 11 |  | ق (قاتتىق) |
| 3 |  | ئو(o)، ئۇ(u) | 12 |  | ق (ئەبلەن) |
| 4 |  | ئۆ(θ)، ئۈ(ü) | 13 |  | ق (ئۆ، ئۈبلەن) |
| 5 |  | ب¹ | 14 |  | ك (يۇمشاق) |
| 6 |  | ب² | 15 |  | ك (ئۆ، ئۈبلەن) |
| 7 |  | س¹ | 16 |  | غ (قاتتىق) |
| 8 |  | س² | 17 |  | گ |
| 9 |  | د¹ | 18 |  | ت¹ |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 19 |  | ت 2 | 30 |  | ڭ |
| 20 |  | ي 1 | 31 |  | م |
| 21 |  | ي 2 | 32 |  | چ |
| 22 |  | ن 1 | 33 |  | ئچ |
| 23 |  | ن 2 | 34 |  | ش |
| 24 |  | ر 1 | 35 |  | ز |
| 25 |  | ر 2 | 36 |  | لت |
| 26 |  | ل 1 | 37 |  | نت |
| 27 |  | ل 2 | 38 |  | نەت |
| 28 |  | دىماق تاۋۇشى | 39 |  | رت |
| 29 |  | پ | 40 |  | ئايرىش بەلگىسى |

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى

| ئوقۇلۇشى | ئاياق شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | باش شەكلى | № |
|---|---|---|---|---|
| ئا |  |  |  | 1 |
| ئى |  |  |  | 2 |
| ئە ـ ئې |  |  |  | 3 |
| ئو(o) ئۇ(u) |  |  |  | 4 |
| ئۆ(ө) ئۈ(ü) |  |  |  | 5 |
| ب ، پ |  |  |  | 6 |
| ۋ |  |  |  | 7 |
| غ |  |  |  | 8 |
| ق |  |  |  | 9 |
| خ | |  |  | 10 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## هازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج
چ خ د ر ز ژ س
ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن
ھ ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ
ې ى ي

# ئۆلگىلەر

## ياشسۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى!

## دىۋان ناقىس

نەسھەت ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

ئادەمنى ئۈمىد ياشىتىدۇ،
غەم قاخشىتىدۇ.

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز قاچانغىچە ياشايدىكەنمىز

شۇ چاققىچە ئۆگىنىشىمىز،

ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

ياشلىق ــ ئۆگىنىش، ئىزلىنىش دەۋرى .
بۇ چاغدا ئىگەللىگەن بىلىم بويىغى ئۆڭمەس، غو-
لى چىرىمەس چوكا ئالتۇندەك بىلىم بولالايدۇ.

ئەقىل ــ سىنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان
قانات، تەلەپچانلىق بىلەن قەتئىلىك شۇ قاناتقا
ھەركەت بېرىدىغان كۈچىنىڭ مەنبەسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

# دىۋانى مەھزۇن

# بۇلبۇل بوستانى تاپتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# غوللۇق خەت ھەققىدە چۈشەنچە

غوللۇق خەت — ئەسلى، مەركىزى — غولى كەڭ ئىشلىنىدىغان خەت.

بۇ خەت تولاراق ۋىۋىسكا، لوزۇنكا، كىتاپ ئىسىملىرىنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ يازماقچى بولغان گېپىمىز ئۇزۇن، ئورۇن ئاز ھەم تار، مۇنداق ۋاقىتتا خەتنى غوللۇق قىلىپ يازساق كۆركەم بولىدۇ.

يېزىشتا خەتنىڭ غولىنى بەلگىلەپ سىزىق تارتىۋېلىپ شۇ ئورۇنغا سىققۇدەك قەلەمدە يېزىپ غولىنى سىزىپ بويىساق سەنئەتلىك چىقىدۇ.

بۇ خەتنى ياكى ئوڭغا، ياكى سولغا قىيسايتىپ يازساق بولىدۇ ھەمدە ئوڭغا ياكى سولغا بولغان يانتۇلۇغىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ئوخشاش يېزىپ تاماملىساق كۆركەم بولىدۇ. ئورۇنغا قاراپ خەتنىڭ كىرتىكلىرىنى ھەرخىل ئىلىپ، چېكىتلىرىنىمۇ تۆت بۇرجەك، يۇمىلاق، سوزۇنچاق، چوڭ-كىچىك ئالسا بولىۋېرىدۇ. غوللۇق خەت بىلەن يېزىلغان شوئار ياكى ۋىۋىسكا شەرت-شارائىت تۇپەيلىدىن ئىگىز ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كىشىلەر كۆرۈشتە ئوڭايسىزلىق تۇغۇلغان تەقدىردە خەتنىڭ غولى چوڭ بولۇش بىلەن بىرگە «گ، ك، ل، ئ» قاتارلىق ھەرپلەرمۇ مۇۋاپىق چوڭ يېزىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا چېكىتلىرى ئالاھىدە چوڭ قويۇلۇشى كېرەك. بۇنداقتا خەت كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

# غوللۇق خەت شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ

د ر ز ژ س ش غ ف

ق ك گ ڭ ل م ن ئو

ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ھ ې ى ي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلگىلەر

# تىلىڭ گۈزەل بولسۇن

# دىلىڭ گۈزەل بولسۇن



www.uyghurkitap.com

# لەيلىگۈل پورەكلەپ ئېچىلدى

# ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

# ھەمىشە خەلقنىڭ غېمىنى يە

# مۇسابىقە

www.uyghurkitap.com

ئاز سۆزلە، ئۆز سۆزلە

تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق

يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا

بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىل

# رۇقئە ھەققىدە چۈشەنچە

بۇ ئۇنچە تىزىغىدەك كەلگەن كالتا، دىقماقراق، مەزمۇت، ئېنىق تىك سىزىقلىق تـۆ ق بىر نۇسخا. بۇ نۇسخا يېزىلىشتا كۆچلۈك، تېز يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ چېكىتلىرى دانە ـ دانە قويۇلماستىن، ئاچماق، ياتتۇ سىزىقچە ھالىتىدە قويۇلىدۇ. بەزى ھەرپلەرنىڭ مەسىلەن، ش، ن، ق ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى قويرۇغىغا ئۇلاپ تارتىپ قويۇلىدۇ. بۇ نۇسخا تېز يېزىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قولىيازمىغا ئاساس بولۇپ قالغان.

بەزىلەر بۇ نۇسخىنى دىۋانى شەكلىدىن تۈرلىنىپ چىققان دېيىشىدۇ، بەزىلەر كەسمە مۇ دېيىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## رۇقئە شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز

ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ

ل م ن ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ھ ې ى

ي ا ئە بـ سـ شـ ـسـ ـس

ئۈلگىلەر

# ئىتتىپاقلىق — كۈچ،
# ئىتتىپاقلىق — غەلىبە.

www.uyghurkitap.com

# باھار قوشاقلرى

جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق

ئۈمىت چېچەكلىرى

www.uyghurkitap.com

تيانشان بولبولى

سوغنلوق

سوغات

پەرۋەرش بىلىم - كۈچ




# ئۆز ئىلىكىنىڭ نېنىنى يە،
# كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە.



مۇھەببەتلىك تۇرمۇش

## تەئلىق ھەققىدە چۈشەنچە

تەئلىق 12 — 13 - ئەسىرلەردە پارىسلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان، بىز قوبۇل قىلىپ تەرەققى قىلدۇرغان ھۆسنىخەت شەكلى. بۇ نەسخ، سۇلۇس، دىۋانى خەت نۇسخىلىرىدىن سەل كېيىنرەك تۈرلىنىپ قوللىنىلغان. تەئلىق نۇسخىسى كۆركەم، جانلىق، ئىخچام، يوغان - ئىنچىكە، چىرايلىق، دانە - دانە يېزىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ نۇسخا يېزىشقا ئەپلىك، ئوقۇشقا قولاي، سىغىمچانلىقى يۇقۇرى. يانتۇ سىزىقلىرى ئۇزۇن، تىك سىزىقلىرى قىسقا، شەكلى ياپىلاق ۋە سەل - پەل ئوڭغا ۋە ئارقىغا قىيسايتىپ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ سىزىقلىرى ئىنچىكە بولۇپ زىلۋا ۋە نازۇك كۆرۈنىدۇ. بۇ، شەكلى ئاددى، يالاڭ ۋە ئوچۇق تۇسكە ئىگە. ئۇ، لەۋھە، كىتاب ماۋزۇلىرى، مۇقاۋىلاردا كۆپرەك ئىشلىنىدۇ.

تەئلىقنىڭ ئۈچ تۈرى بار. بىرى شىكەستە نەسخكە يېقىنراق تەئلىق؛ يەنە بىرى چاردا نىڭ سۇلۇسقا يېقىنراق تەئلىق؛ يەنە بىرى قومۇش قەلەم شەكلى يەنى ئەڭ چوڭ يېزىلىدىغان شەكلى جىلى دېيىلىدۇ.

# تەئلىق شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر

ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ھ

ې ى ي يـ ہ ھ ە

www.uyghurkitap.com

## تەئلىق نۇسخىسى ھەرپلىرى قانداق يېزىلىدۇ؟

«ئا» ١

«ئا» بىر كىرتىك ئېلىپ ئۈستىگە تارتىلىدۇ. ئاندىن كىرتىك ئۈستىگە ھەمزە قويۇلىدۇ. ھەمزىدىنىڭ ئورنى بىر چېكىت باراۋىرىدە بولىدۇ. «ئا» نىڭ يۇقۇرىغا تارتىلىشى ئۆز قەلىمىمىزنىڭ ئىنچىكە يوغانلىقىغا قاراپ تىك ئۈچ چېكىت ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. يالغۇز «ا» دۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ.

مەسىلەن:



، ب پ ت

بۇ ھەرپلەرنىڭ باشتا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا كېلىدىغانلىرى بار. يالغۇز يېزىلغانلىرى ئۇزۇن-قىسقا ئىككى خىل بولىدۇ. خەتنىڭ سەنئەتلىك يېزىلىشىغا قاراپ تۆت چېكىت ئۇزۇنلۇقىدا ياكى توققۇز چېكىت ئۇزۇنلۇقىدا تارتىلسا ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تارتىلسا بولىدۇ.

مەسىلەن:



بۇ ھەرپلەرنى يېزىشتا باشلىنىش قىسمىنى كۆتىرىپ، ئايىغىنى ھەم بىر چېكىت ئېگىزلىگىدە كۆتىرىپ توختىتىمىز. ئوتتۇرىسى سەل ئېگىلىپ كېلىدۇ.

ج چ خ

بۇ ئۈچ ھەرپ ئوخشاش بولۇپ، چېكىت قويۇش بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۈستى ئادەمنىڭ قېشىغا ئوخشايدۇ، تېگى ئوغاقا ياكى ئىككى كۆنلۈك ئايغا ئوخشىتىپ، ئېتەكلىك قىلىپ يېزىلسا بولىدۇ، يەنى خەتنىڭ ئىچكى دائىرىسى چەمبەرنىڭ ئاساسەن يېرىم ئايلانمىسىغا تەڭ كېلىدۇ.

مەسلەن:



د

بېشى بىر چېكىت، ئاخىرى بىر يېرىم چېكىت سوزۇلسا بولىدۇ. يەنى يازغاندا قەلەمنى باشلى- نىش نۇقتىسىدىن ئەركىن ھالدا تۆۋەنگە قارىتىپ تارتىش كېرەك، شەكلى خۇددى ئادەمنىڭ بېلىگە ئوخشاش ئېگىپ يېزىلسا بولىدۇ.

مەسلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ر ز ژ

بۇ ھەرپىنىڭ باشلىنىشى بىر چېكىت ئۇزۇنلۇغىدا ئېگىپ، ئاخىرى ئىككى چېكىت ئۇزۇنلۇغىدا تارتىلسا بولىدۇ. بېشى ۋە ئاخىرى ئىنچىكە يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكەن شەكلى خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈپ تۇرغان قۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:



«ر» نىڭ ئۈستىگە چېكىت قويۇلمايدۇ، «ز» نىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلىدۇ، «ژ» نىڭ ئۈستىگە ئۈچ چېكىت قويۇلىدۇ.

س ش

ھەر ئىككىسى ئوخشاش يېزىلىدۇ. بۇنى ئۈچ كىرتىك چىقىرىپ يازساقمۇ (ئەمما «س» نىڭ كىرتىكلىرى سوزۇلماي ئىنچىكە ئېلىنىدۇ) ياكى كىرتىك چىقارماي سوزۇپ يازساقمۇ بولىدۇ. سوزۇشنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:






## غ

بۇ ھەرپ خېتىمىزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ باش تەرىپى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىپ يېزىلسا بولىدۇ. تېگى ئوغاققا ياكى ئىككى كۈنلۈك ئايغا ئوخشىتىپ، ئىستەكلىك قىلىپ يېزىلسا بولىدۇ. ئارىلىقى ئۈچ چېكىت سىققۇدەك بولسا بولىدۇ. بۇ ھەرپ ئوتتۇرىدا، ئاياقتا كەلگەندە كۆزى پۈتەي ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن:



## ف ق

بۇ ھەرپلەرنىڭ باش قىسمى ئوخشاش بولىدۇ. «ف» نىڭ تارتىلىش قىسمى ب، پ، ت ھەرپلىرىنىڭ تارتىلىشىغا ئوخشايدۇ. «ق» ھەرپىنىڭ باش قىسمى «ف» غا ئوخشاپ كەلسىمۇ، تارتىلىش قىسمىنىڭ تېگى «ن» غا ئوخشايدۇ. «ف» تۈز تارتىلىدۇ، يۇمۇلاق باش قىسمىنىڭ ئاستى بىلەن تۈز تارتىلغان قىسمىنىڭ ئارىلىقىدا بىر چېكىت سىققۇدەك بوش ئورۇن قالدۇرۇلىدۇ. «ق» نىڭ ئاستى قوساقلىق يېزىلىدۇ. «ف» ۋە «ق» ھەرپلىرى باش ۋە يالغۇز ھەرپ بولۇپ كەلگەندە كۆزى پۈتۈك يېزىلىدۇ، ئوتتۇرا ھەرپ بولۇپ كەلگەندە كۆزى ئوچۇق يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:





ك گ ڭ

بۇ ھەرپلەر باشتا، ئوتتۇردا ۋە يالغۇز يېزىلىدۇ. ئورنىغا قاراپ يازغاندا سەنئەت جەھەتسگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، تەكپۇكلۇق ھالىتىنى كۆزدە تۇتساق بولىدۇ.

مەسىلەن:



ل لا

«ل» بۇ ھەرپىنىڭ باش تەرىپى ئىلىپ (ا) شەكلىدە تارتىلىپ، ئاخىرىغا «س» ھەرپىنىڭ قۇيرۇغى ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ.

«لا» ئىككى ا نى ئۇلاش ئارقىلىق يېزىلىدۇ. يەنى بىرىنچى ا نىڭ ئاخىرى سول تەرەپكە سەل ئېگىلىپ توختايدۇ. ئۈستىگە كىچىكرەك ا نى تىك تارتىپ قوندۇرىمىز.

مەسىلەن:



م

«م» ھەرپى يېزىلىشتا ئورۇن تاللىنىدۇ ھەم قەلەمنى باشتا تىككەندىن يۇقۇرىغا كۆتىرىپ يۇمۇلاق قىلىپ يۆگەش ۋە سولغا تارتىپ، پەسكە قەلەمنىڭ قىرىدا ئىنچىكە تارتىش بىلەن پۈتىدۇ. «م» نىڭ باشتا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا ۋە يالغۇز يېزىلىشى تۆۋەندە كۆرسىتىلدى.

مەسىلەن:



ن

بۇ ھەرپ بىر كىرتىك ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش ئارقىلىق يېزىلىدۇ، ئۇنىڭ يالغۇز شەكلىنى يېزىشتا، باش تەرىپىنى «د» قا ئوخشاش ئۈستىدىن ئاستىغا تارتىپ ئات تۇۋىغا ئوخشاش يازىمىز. ئەمما باش تەرىپى سەل ئىگىز، ئاخىرى پەسرەك بولىدۇ. ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:



www.uyghurkitap.com

## ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ

بۇ ھەرپلەرنى يېزىشتا، دىر كىرتىك ئېلىپ، يۇمۇلاق يۆگەپ، ئاخىرى ر غا ئوخشاش يېزىلىدۇ. كىرتىك ئۈستىگە ھەمزە قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:



## ھ

بۇ ھەرپ باشتا كەلگەندە ئىككى خىل، ئوتتۇردا كەلگەندە ئىككى خىل يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:



## ي

بۇ ھەرپ ئىككى خىل يېزىلىدۇ. بىرىنچى خىلى، ياي شەكلىدە بولىدۇ، يەنى بېشى يۇقۇرىدىن تولغاپ ئېلىنىدۇ. بوينى بىلەن تېگىنىڭ ئارىلىقىدا بىر چېكىت پاتقۇدەك ئورۇن قويۇپ يېزىلسا بولىدۇ.

ياي قۇيرۇغىنىڭ كەينىگە تارتىلىشىنىڭ باش قىسمى «ر» نىڭ ئاخىرىغا ئوخشاش باشلىنىدۇ. كەينىگە قايتۇرۇلىدىغان يېرى ھەمزە «ء» نىڭ ماڭلىيىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ تۈز، ئۇزۇن پىچاق ئۇچىغا ئوخشاش كەينىگە تارتىلىدۇ. تېگىگە ئىككى چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:



www.uyghurkitap.com

ئۇلگىلەر

# بىلىملىك نۇرلىنار،

# بىلىمسىز خورلىنار.

تاك ناۋاسى

ئەقىل ئۇچقۇنلىرى

تاتار خەلق قوشاقلىرى

رابىيە سەئىدىن

گۈلدەستە

بۇغدا

قەلب سۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپتىن ئايرىلساڭ ئازىسەن،

ئىتتىپاق بولساڭ ئۆزىسەن.

# مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولايلى

كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب —
ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.

# ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن.

دۇنيا ئەدەبىيات — سەنئەت خەۋەرلىرى

www.uyghurkitap.com

ئوتۇندىن باشقىغا يارىماس گاھى

مۇشۇ ئىلىمنىڭ دەرەخىنىڭ

مېۋىسىز شاخى

ئابدۇرەخمان جامى



# ۋەتەن مۇھەببىتى

دۈشمەنگە غېمىڭنى سۆزلىمە ئەسلا ،

روھلىنىپ دېسۇن «ئەلھەمدۇلىللا» .

سەئدى شىرازى



# بەھرام — دىلئارام



www.uyghurkitap.com

قايسى دوستىڭىم كۆزلەيدىكەن پايدا-زىيان،
بىر كۈنى دۈشمەن بولار بىسگۇمان.

ئابدۇشۇكۇر بالغى

كۆڭۈلگە يەتسە گەر تىلدىن جاراھەت،
ھېچ مەلھەم قىلالماس ئۇنى سالامەت.

# هر قانداق خوشاللق

## كتاپ ئوقوغاندكىدەك داۋاملاشمايدو

خيانەتتن كوڭول تاپقاي قارالق،

جممى عيبيتن ياماندور بىشۋاپالق.

www.uyghurkitap.com

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،

رەڭگى رويۇڭ سامان بولماس.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،

بىرلەشمىسە كۈچ بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىچىك دەپ ئويلىما ياۋنى بىرەر كۈن،

قويار ئالەمگە ئوت بىر زەررە ئۇچقۇن.

ناسىر خىسراۋ

ياخشى بىر كىتاپنى ئوقۇپ چىقىش - نۇرغۇنلىغان

ئالىجاناپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە باراۋەر.

مۇڭلۇك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،

كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ.

مۇڭسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،

كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،

يولدا قويماڭلار مېنى.

يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،

چۆلدە قويماڭلار مېنى.

مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى يات ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن...

www.uyghurkitap.com

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،

ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.

كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،

بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

سنماي بر سنى دوست تۇتماك ،

زارلانماشۇ دوستتىن قان يۇتماك .

زەپمۇ چرايلىق كەلدى باھار

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇق ئىش باشتا ئەمەس باشتىن-ئاياق،

بىرىم ئىش يۈز سۆزدىن مىڭ ياخشىراق.

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى خۇددى ئىپار،

خۇشبۇيىدىن جان ھالاۋەتلەر تاپار.

بارسىلا بىللە بارايلى،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.
يالغۇزلۇققا كىم ئۇلۇپتۇ،
ئايرىلىپ قالغان يامان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ

كۆيدۈرگىلى كەلدىڭمۇ

كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى

ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ

زمستان كۆرمگەن بۇلبۇل،

باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جاپانى تارتمىغان ئاشىق،

ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

# عمرآيتيوسسىغز

# (بالىلىق غارايپلرى)

دن تاللانما

# نوادروششه باب

## (ییگتلیک نادرلیقلری)

## دن تاللانما

# بەدىئىي ئوقۇش سەنئىتى

## (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىن تاللانما

# فوائد والكسبة

(قيرلق پايدلسري)

دن تاللانما


لەيلى-مەجنۇن


كەلىلە ۋە دىمنە


پەرھاد-شىرىن


ئادەم قولى-گۈل

موھبەت ھنكا، ئائلە كوئيلە يمەن زامانمنى

## ماقالدار

ئەخلاق ـ ئادەم زىننتى

ياش قيرتماس، غەم قيرتار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com












بىلگەندىن سوڭ كەلمەمدۇ بىلىشۋەرگىلىك،

بىلىشۋېرىش ئەمەسمۇ تىلىكى ئەلنىڭ.

قىردىن ئاشساڭ، ئالدىڭدا قىر كۆرۈنسە،

قىزىققاندىن كەلمەمدۇ يۈرىشۋەرگىلىك.

كىتاب - بىلىمنىڭ بۇلىقى

بىلىم - ھاياتنىڭ چىرىغى

ناھەق ئىشقا كىشى گەر بولسا راۋان،

ئۆز ۋۇجۇدىن قىلغۇسى ئۆزى ۋەيران.

ئُلم بر غزنه دُور ئاچقوسی سوئال

ئارلانما سوراپ بیل تاپُورسن کامال

# تارم بویدا جاسئول هکایات

یاشلغمدا ئشله، برلشکن ئوزار

قریغاندا چشله. برلشمکن توزار

## تیانشان گولزاری

www.uyghurkitap.com

## ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

# دۇنيا ئەدەبىياتى



www.uyghurkitap.com



# مۇھىتنى ئاسراش شەرەپلىك



# ئەخلاق

## ئەدەبىي ئىقمالار



# شېئىرلار

## تالانت - مېھنەتتىن كېلىدۇ

# مۇبارەك



www.uyghurkitap.com




۱۳۳۶

www.uyghurkitap.com




۱۳۳۳

## سۇلۇس، جىلى سۇلۇس ھەققىدە چۈشەنچە

سىزىقلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە، ئەگرى - بۈگرى، توق، لېكىن ئىشلىتىشكە قولاي ئۇسخا: ئەگرى - بۈگرى سىزىقلىرى ھەندىسىنە (گېئومېترىيە) لىك سىزىقلاردىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇ ئەسلى كۇفى شەكلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تارا - تارا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭغا قارىمۇ - قارشى يۆنۈلۈشتە تارالغان. كۇفىدىن قالسىلا ئەڭ كونا ۋە ئەڭ ئاساسلىق نۇسخا. بۇ زىچ، تەكشى ۋە ئەركىن يېزىلىدۇ ھەمدە ھەرپلەرنى بىر- بىرىنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتتۈشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. يەنى قۇر ئۈستىدە بوش ئورۇن قالدۇرۇلمايدۇ. بوش ئورۇنلىرى سىزىقچىلار بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. بۇ، كىشىنىڭ ئېسىگە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدىغان، شۇنداقلا لەۋھە، كىتاب ئىسىملىرىنى يېزىشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان نۇسخا. نەققاشچىلىقتا كۆپ قوللىنىلىدىغان سۇلۇس جىلىسى ۋە ياكى جىلى دېيىلىدىغان شەكىللەرمۇ سۇلۇسنىڭ بىر خىلى ھېساپلىنىدۇ.

سۇلۇس يېزىقى زىچ، تەكشى، بىر بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ ئۆتكۈزۈپ يېزىلىدۇ. بوش ئورۇنلار ٧ ھ ھ غ م ۋ قاتارلىق ھەرپلەر قويۇلۇپ يازغان خەتكە زىننەت بېرىلىدۇ. ژ ۋ ې ي ھەرپلىرىنىڭ چېكىتىدىن باشقا چېكىتلەر ھەر خىل ئېلىنسا بولىدۇ، ھەتتا يۇمۇلاق قويۇلسىمۇ بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غ ف ق م ئو ۋ غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ئېلىنىدۇ.

جىلى سۇلۇس نۇسخىسىنى يېزىشتا ئالدى بىلەن ئورۇنغا قاراپ يازىدىغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىللەرنى تەكشى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىشىپ سۇلۇس ھەرپى بىلەن چىرايلىق يېزىش لازىم. بۇ نۇسخا تولاراق تۆۋەندىن يۇقۇرىغا يېزىلىدۇ، سۆزلەر بىر بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ ئۆز ئارا كىرىشتۇرۇش يولى بىلەن بوشلۇق تولدۇرۇلىدۇ. ھەرپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سۆز بېشىدا كەلگەن ج چ خ غ غا ئوخشاش ھەرپلەرنى يالغۇز ھەرپ شەكلى بىلەن يېزىپ، بوشلۇقنى تولدۇرۇش يولى بىلەن نەپىس گۈل شەكلىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. ئورۇن سوزۇنچاق، ئۈچ بۇرجەك ياكى يۇمۇلاق بولسا ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ مۇۋاپىق تارتىپ شۇ ئورۇننى تولدۇرساق بولىدۇ. يازغان خېتىمىز نەپىس، چىرايلىق، ئوقۇشلۇق بولسۇن.

ئەگەر خەت ئاز، ئورۇن چوڭ بولسا، مەسىلەن «ھۆر» دېگەن خەتنى ئورۇننىڭ يېرىمىغا ئۆلچەپ يېزىپ پۈكلەپ يېرىمىغا تەتۈر چۈشۈرۈپ يازساق ھەم بولىدۇ. بۇ قوشماق خەت دېيىلىدۇ.

يازغان خېتىمىزنىڭ چېكىتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش قولايسىز بولىدىكەن، ئوقۇيالىغۇدەك قىلىپ بوش ئورۇنغا قويساق بولىدۇ. خەت تەكشى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاراش قالغان بوش ئورۇنلارنى (٢) (٥) (لا) (ــ) (=) قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن تولدۇرىمىز.

خەت قايسى ھەرپ بىلەن باشلانغان بولسا شۇ خەتنىڭ تېگىدىكى بوش ئورۇننى شۇ خەتنىڭ يالغۇز ھەرپىنى كىچىك يېزىش ئۇسۇلى بىلەن تولدۇرىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# سۇلۇس شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز

ژ س ش غ ف ق ك گ

ڭ ل م ن ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ھ ې ى

ا ر د ژ غ م ك ۋ لا ھ ھ لا لا

## ئۇلگىلەر

# ئەتىگە قالمىسا بۈگۈنكى ئىشى
# دۇنيادا ئالىي ياشار شۇ كىشى



(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن)



يالغوز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس،

چىڭى چىقسە مۇڭى چىقماس.

جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق

ئىناق بولمىسا ئاراھەت يوق

ئىلىمگە قوشۇلۇپ كەلسە گەر غەيرەت

ئۇ ئىلىم ئۈستۈن بولىدۇكى بىر ھۈنەر

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس.

ئۇقسا ئۆتكەن ۋەيران بولماس.


هل يستوي الذين يعلمون والذين لا يعلمون
١٣٤٢



www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com







ساڭا بىزھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق .

www.uyghurkitap.com

# نەسخ ھەققىدە چۈشەنچە

نەسخ — كىتاب - ژورنال ۋە گېزىتلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان نۇسخا. **بۇلۇق، ئەركىن، ئوچۇق** ۋە **توق** شەكىل بولۇپ، رۇقئەدىن مۇرەككەپرەك، لېكىن روشەنرەك، **ئوقۇشقا** قولاي نۇسخىلاردىن بىرىدۇر. **بۇ سۇلۇستىن** كېلىپ چىققان. تېخىمۇ توغرىراغى سۇلۇسنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. سۇلۇس **بىلەن رۇقئە** ئارىسىدىكى **نۇسخا** دېسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن ھەرپلىرى تىك سىزىقلىق كېلىدۇ.



# نەسخ شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د

ر ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ھ

ې ى ي ـر ق ك ـم ـمـ ـمـ ـم

ـم ـنـ ـهـ بجغ ه كا كا لا لا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلگىلەر

ئۆگىنىشكە ئامراق كىشى گويا باھاردىكى
ئوت-چۆپكە ئوخشاش بىلىنەر-بىلىنمەي
ھەركۈنى ئۆسۈپ تۇرىدۇ.

# كارىكاتۇرا

# ئىجازەت

سۇلۇس بىلەن نەسختىن ئۆزگەرگەن بىر يېزىق. بۇ يېزىق كىتاب - ژورنال ئىسىملىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. كۆرۈنۈشى چىرايلىق، سەنئەتلىك.



www.uyghurkitap.com

# ئىجازەت شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ خ

د ر ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ن ئو ئۇ

ئۆ ئۈ ۋ ھ ي ى ي ې

ـا ە ۋ ھ ـھـ ـھ لا

ئۈلگىلەر



ئايگۈزەل ئەدىبىيتە جەملەر

زەرەپشان دەرياسى ئانا تۇپراق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۇفى

ئەڭ قەدىمقى ئىسلام يېزىق نۇسخىسى بولۇپ، گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدە ئوچۇق، بۇرجەكلىك ۋە تۈز سىزىقلىق نۇسخا. شۇڭا ئۇ ئاددىيلا يېزىلماي، بەلكى سىزغۇچ بىلەن سىزىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ نۇسخا بارا - بارا راۋاجلىنىپ، زىننەتلەش ۋە نەققاشچىلىق ئىشلىرىدىلا ئىشلىتىلىدىغان نۇسخا بولۇپ قالغان.

كۇفى — كۇفى نەسخ، كۇفى سۇلۇس، كۇفى جىبلى، شەترەنجىلىك كۇفى (گېئومېتىرىيىلىك كۇفى) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

# كۇفى شەكلىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا ئە ب پ ت ج چ

خ د ر ز ژ س ش

غ ف ق ك گ ڭ ل

م ن ئو ئۇ ئۆ ئۈ

ۋ ھ ې ى ي

www.uyghurkitap.com

# ئۈلگىلەر



( بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم )



( لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا )



www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان ئۇزار

ئوقۇمسفان تۇزار


باغراش كۆلى



www.uyghurkitap.com

ھەرخىل نۇسخىلار

كۆۋرۈك

تامچا

دۇنيا ئەدەبىياتى


خلاص

www.uyghurkitap.com









وإنك لعلى خلق عظيم




١٢٧٧

www.uyghurkitap.com



ئازاتزامان



باھارشامىلى

باھارشامىلى

ساۋات خالتا

بىزەكلىك ئالامەت

كارامەت دۆلەت

# مۇرەككەپ ئىش

# سۇ بويىدا

www.uyghurkitap.com

ئالتاي

كۆۋرۈك

ئاستانە

تارىم



ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن

ئادەم ئەتگەنگە تازىم ئەت

ئىقتىدارنى كەڭ، كۆپ تەرەپلىمە قىلىدىغان جاي ـ ۋەتەن


ئادەمنى ئۇمىد ياشىتىدۇ



1234567890

1 2 3 4 5 6 7 8 9 0

1234567890

1 2 3 4 5 6 7 8 9 0

www.uyghurkitap.com

123456789

1234567890

123456789

123456789

1234567890

*1234567890*

1234567890

123456789

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلھەق ئۇشۇر

ئۇيغۇر خەتتاتلىقى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جالالىدىن بەھرام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشلار باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 87مم 1/23 باسما تاۋىقى: 14.5

1988 - يىل 5 - ئاي 2 - نەشرى

1988 - يىل 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M8098·796

تىرازى: 18,000 — 33.300

باھاسى: 0.70 يۈەن

www.uyghurkitap.com


**维吾尔文书法** （维吾尔文）

阿布拉克·吾守尔 编

责任编辑：加拉力丁·巴哈拉木

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆乌铁路局青年印刷厂印刷

787×1092毫米32开本　4.5印张

1988年5月第2版　1988年5月第2次印刷

印数：18，000—33，300

---

ISBN 7-228-00515-5/J·36　定价：0.70元